# 45638 ـ شىيئە دېگەن ئۇقۇم كىچىك باللارغا قانداق چۈشەندۈرۈلىدۇ ؟

### سۇئال

مېنىڭ ھەمشىرەمنىڭ سەككىز ياشلار چامىسىدا بىر ئوغلى بار ئىدى، بىر كۈنى ئۇ مېنى شىيئەلەر كىم؟ دېگەن سوئال بىلەن ھودۇقتۇرۇپ قويدى، ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم ۋە چوڭ بولغاندا بىلىپ قالىسەن، دەپلا كۇپايىلەندىم .لېكىن ئۇ: بۇ جاۋابقا قانائەتلەنمىدى. كېچىك قېرىنداشىمنىڭ ئون ياشلىق بالىسى ئۇنىڭغا: مەن سۈننى دېۋىدى، ئۇ: شۇئانلا، مەن شىيئە دەپ ئىنكاس قايتۇردى. بۇ توغرىدا ئۇ قانائەتلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭ يېشىدىكى باللار چۈشىنەلەيدىغان جاۋاپ نېمە؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگاھى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئەگەر كىچىك بالا شىيئە توغرىسىدا سورىسا، ئۇنىڭغا شىيئەلەرنىڭ ياخشى ئادەملەر ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ گۇناھ مەسىيەت ۋە شەرىئەتكە مۇخالىپ ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى، پەيغەمبەرلەردىن قالسىلا ئەڭ ئەۋزەل كىشىلەر بولغان ساھابە كىراملارنى ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پاك ئاياللىرىنى ھاقارەتلەيدىغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى بىز ئۇلارنى ياخشى كۆرەلمەيدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈشىمىز لازىم.

ئەگەر ئۇلار تېلېۋىزۇرلاردا شىئەلەرنىڭ قەبرىلەرنى سىلاپ ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە بەرىكەت تىلەۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنى، ئاشۇرا كۈنىنى قۇتلۇقلاپ ئۆزلىرى ۋە باللىرىغا پىچاق زەنجىر ئۇرۇۋاتقان ھالەتلىرىنى كۆردى دېسەك، ئۇ چاغدا بىز باللارغا: ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان بۇ ئىشىنىڭ دىنىمىزدا ئورنى يوقلىقى ۋە ئۇ قىلمىشلارنىڭ پۈتۈنلەي ھاراملىقى، شۇنداقلا بىزنىڭ ئاللاھتىن باشقاھېچقانداق بىر شەيئىگە ئىبادەت قىلمايدىغانلىقىمىز، قەبرە ۋە باشقا ھەرقانداق مەخلۇقلارغا سەجدە قىلمايدىغانلىقىمىز، ئۆزىمىزۋە باللىرىمىزغا ئاشۇرا كۈنىدە پىچاق ئۇرۇش دىنىمىزدىن ئەمەسلىكى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرىمىز. مۇشۇ تەرىقىدە كىچىك بالىنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىغا قارىتا، شىيئەلەرنىڭ ئىسلامنىڭ توغرا يولىنىشىدىن چەتنىگەن ئازغۇن كىشىلەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇماتلار بېرىلىدۇ .

شۇنداقلا، ئۇ بالىغا ئۆزىمىزنىڭ سۈننى ئىكەنلىكىمىزنى (يەنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىدىغانلىقىمىزنى)، دىنىمىزدا بىدئەت ئىشلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشىمىزۋە ئۇلار قىلغاندەك ئىشلارنى قىلساق بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىمىز. ئەگەر مۇمكىن بولسا ئۇ بالىغا شىيئەلەرنىڭ خاتا قىلمىشلىرىنىڭ بەزىلىرىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ

ئاگاھلاندۇرۇش بىرلىسە ئۇنىڭ ئۆنۈمى ياخشىراق بولىدۇ. بۇنىڭ ئۆچۈن شىيئەلەرنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان ئىشەنچىلىك تور بېكەتلىرىدىكى بەزى ماتىرياللاردىن پايدىلانسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر .